# ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ

(بېشى 4 ـ بەتتە)

يەنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزىم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدۇق؛ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتۇق؛ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدۇق.

بۇ يەردە، مەن كۆپچىلىك بىلەن بىرقانچە ھېكايىنى ئورتاقلاشماقچى. بىرىنچى ھېكايە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى دىلشات ئىلگىرى بىر دېھقانلار ئارامگاھى ئاچقان بولۇپ، كىرىمى يامان ئەمەس، كۈنلىرىمۇ يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتاتتى. كېيىن ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى «كاپىرلار» ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىدا تاماق يەپ، بېغىمنى مەينەت قىلىۋەتتى دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقانلار ئارامگاھىنى تاقىۋېتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىۋەتكەن، تۇرمۇشمۇ ناھايىتى جاپادا ئۆتكەن. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىشكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى تونۇپ يېتىپ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى نابۇت قىلغانلىقىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇ يەنە يېڭىباشتىن دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتى، سودىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى، يەنە تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسى قايتىدىن ئۇرغۇدى. بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، تەربىيەلەنگۈچىلەردىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئۈنۈملۈك تۈگىتىلدى. ئىككىنچى ھېكايە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى بۇزۆھرە روزى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن كەشتىچىلىك تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، قولدا كەشتىچىلىك قىلىدىغان كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى 30 نەچچە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۈنۈپبىرسال ساپاسى ئۆسۈپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان يارامىلىق ئىختىساسلىقلارغا ئايلاندى. ئۈچىنچى ھېكايە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى زورەم ئابدۇيۈسۈپ تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ھويلىسىنى پاك ـ پاكىز يىغىشتۇرۇپلا قالماي، يەنە قوشنىلىرىنى كەنتنىڭ تازىلىق مۇھىتىنى تازىلاشقا يېتەكلەپ، كەنت تەرىپىدىن تازىلىق مەدەنىيلىكى بويىچە نەمۇنىلىك ئائىلە بولۇپ باھالاندى. بۇ مىسال بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

يۇقىرىقىدەك ئۈچ ھېكايە شىنجاڭدا سان ـ ساناقسىز. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بولمىسا، بۈگۈنكىدەك خاتىرجەم كۈنلىرى بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن بۇيان، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى زىيارەت قىلغان 91 دۆلەتتىن كەلگەن 70 نەچچە ئۆمەك، گۇرۇپپىدىكى 1000دىن ئارتۇق كىشى، جۇملىدىن چەت ئەل ئەمەلدارلىرى، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي زاتلار بەس ـ بەستە: ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئامېرىكا، غەربنىڭ دېگىنى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىكەن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىكەن، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، دېيىشتى. رەھمەت.

**ئامېرىكا مەملىكەتلىك رادىيو شىركىتىنىڭ مۇخبىرى:** بۇ يىل 3 ـ ئايدا، رەئىس شۆھرەت زاكىر ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ سانىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە جەمئىيەت ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولمىغاندا، بۇ تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرىنىڭ تەدرىجىي يوقايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەن سورىماقچى بولغان مەسىلە شۇكى، سىزنىڭ پەرىزىڭىزگە ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە يەنە قانچىلىك تەربىيەلەنگۈچى بار، قاچاندىن باشلاپ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ سوئالغا مەن جاۋاب بېرەي. شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزلۈمەي يۈزبېرىش كەسكىن ۋەزىيىتى ئاساسىدا، بىز قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، كىرىدۇ، چىقىدۇ. چېگرا سىرتىدىكى بەزى تاراتقۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر «1 مىليوندىن ئاشىدۇ ھەتتا 2 مىليونغا يېتىدۇ» دېيىشى پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىلغان، قىلچە ئاساسى يوق. نۆۋەتتە، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»كە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملىدى، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرىشىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى پايدىلىق ئىزدىنىش. كېيىنكى قەدەمدە، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئالدىغا تاللاش، تۈرگە ئايرىپ تەربىيەلەش، بىرىپ ـ كېلىشتە ئەركىن بولۇش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، ئارزۇسى بار، ئېھتىياجى بار كەنت كادىرلىرى، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، دېھقان ـ چارۋىچىلار، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارلىقلارغا كۈندىلىك، مۇنتىزىم، دائىملاشقان، ئېچىۋېتىلگەن تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارىمىز. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت قاتارلىقلار بويىچە نۇقتىلىق تەربىيەلەيمىز، تەربىيەلەش مەزمۇنىغا ئاساسەن، ۋاقتى ئۇزۇن ـ قىسقا بولىدۇ. رەھمەت.

**CGTN مۇخبىرى:** بەزى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، شىنجاڭ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىگەن، جۈملىدىن زور كۆلەمدە بىر قىسىم مەسچىتلەرنى چېقىۋەتكەن، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشىنى چەكلىگەن ھەمدە بىر قىسىم ھۆكۈمەت قوللىمايدىغان دىنىي زاتلارنى تۇتۇپ تۇرغان. سوراپ باقسام، بۇ مەسىلىلەر مەۋجۇتمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ سوئالغا مۇئاۋىن رەئىس ئەركىن تۇنىيازنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**ئەركىن تۇنىياز:** بۇ مۇخبىر دوستىمىزنىڭ سوئال سورىغىنىغا رەھمەت. سىز ئېرىشكەن ئۇچۇرنى قايسى تاراتقۇنىڭ خەۋەر قىلغىنىنى بىلمەيمەن، بۇ پۈتۈنلەي ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق، پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىقىشقانلىق. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە قوغداش دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۇرلۇك تۈپ سىياسىتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە، دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دىن ئىشلىرى نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ روھىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

شىنجاڭدا، بىز پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاش ھەممىسى سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك كەمسىتىلىشكە ياكى ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئەمەس. ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ۋارىسلىققا ئېرىشتى ۋە ساغلام راۋاجلاندى، شىنجاڭدا ھازىر 20 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار، ئىسلام دىنى دىنىي خادىمىدىن 29 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر ـ رايون بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن جەمئىي 103ى بار، ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ھەم قەشقەر، خوتەن ۋە ئىلى قاتارلىق سەككىز شۆبە شۆيۈەن ۋە شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن ئىبارەت جەمئىي ئون دىنىي مەكتەپ قۇرۇلدى، ھەر يىلى مەلۇم ساندا تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەكتەپ باشقۇرۇش كۆلىمى 3000دىن ئارتۇق ئادەمگە يەتتى، نۆۋەتتە، مەكتەپتە 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي بىلىملەرگە ئېرىشىش يولى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە قاتارلىق تۆت خىل يېزىقتىكى «قۇرئان» ۋە «سەھھۇل بۇخارى ھەدىسلىرىدىن جەۋھەرلەر» قاتارلىق دىنىي كلاسسىك كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ھەر يىلى ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىپ، مۇسۇلمان ئاممىنى تەشكىللەپ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھۆكۈمەت ھەج قىلغۇچىلارنىڭ داۋالىنىش، تەرجىمە قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەردى ھەم ئۆمەككە ئەگىشىپ مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەج پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدىكى 50 مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئامما سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە باردى.

سىز بايا تىلغا ئالغان كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەرنى چېقىش ـ كۆچۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، شىنجاڭدا ئاتالمىش كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەرنى چېقىش ـ كۆچۈرۈش مەسىلىسى يوق بولۇپلا قالماستىن، ئەكسىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش، توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويدى. «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» سۇ، توك، يول، گاز، خەۋەرلىشىش، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ـ كىتاب ئۆيىنى مەسچىتكە كىرگۈزۈشنى، بۇنىڭ ئىچىدە جۈمە مەسچىتىدە تەرەت ئېلىش ئەسلىھەسى بولۇش، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ؛ «توققۇزنى سەپلەش» تېببىي دورا مۇلازىمىتى، ئېلېكترونلۇق ئېكران، كومپيۇتېر، شامالدۇرغۇچ ياكى ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەسى، تەبىئىي گاز، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلىمىسى ياكى ئاياغ قاپلاش ماشىنىسى، نەرسە ساقلاش ئىشكاپى قاتارلىقلارنى سەپلەشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ناماز ئوقۇشىغا زور دەرىجىدە قولايلىق ياراتتى، كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشتى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مۇسۇلمان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، نورمال دىنىي ئېھتىياجى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇلدى. دىن مەسىلىسىدە رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالغان، «قوش ئۆلچەم»نى قوللانغان ئاشۇ غەرب سىياسەتۋازلىرى ۋە تاراتقۇلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالىغا توغرا قاراپ، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. رەھمەت.

**ياپونىيە ئوقۇش ـ سېتىش خەۋىرى مۇخبىرى:** يېقىندىكى خەۋەردە، خەلقئارا تەكشۈرۈش مۇخبىرلىرى ئىتتىپاقى ICJC شىنجاڭ توغرىسىدىكى «ئىچكى ھۆججەت»كە ئېرىشىپ، «شىنجاڭنىڭ قاماش لاگېرى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئېچىپ بەردى» دېيىلدى، بۇ ھۆججەتنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سوراپ باقسام بولامدۇ؟ ئەگەر ھۆججەت ساختا بولسا، ئۇنىڭ ھۆكۈم ئاساسى نېمە؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ سوئالغا دائىمىي كومىتېت ئەزاسى شۇ خەيرۇڭنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**شۇ خەيرۇڭ:** مەن شىنجاڭدا ئاتالمىش «قاماش لاگېرى»نىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىمەكچىمەن. «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى»، خەلقئارا تەكشۈرۈش مۇخبىرلىرى ئىتتىپاقى قاتارلىق چېگرا سىرتىدىكى تاراتقۇلار ۋە تەشكىلاتلار ئېلان قىلغان ئاتالمىش خەۋەرلەردە، شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى پۈتۈنلەي يامان غەرەزدە بۇرمىلانغان، قارا چاپلانغان. بىز بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك نارازىلىقىمىزنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. بىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىمىز ئوچۇق ـ ئاشكارا، شۇنداقلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى، پارتىيەمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈردى، جۇڭگو شىنجاڭغا قارىتىلغان ھەرقانداق ھۇجۇم قىلىش، قارا چاپلاش ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، بوھتان چاپلاشنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاپالىق تىرىشچانلىقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئادىل باھاسىغا ئېرىشىشى كېرەك. رەھمەت.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** شىنجاڭ بۇلۇڭمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، شۇنداقلا دۆلىتىمىز بېكىتكەن تۈپ تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايون بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا قانچىلىك نامرات ناھىيە، قانچىلىك نامرات ئاھالە بار، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يەنە قانداق قىيىنچىلىق ۋە خىرىس بار؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ مەسىلىگە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى پەرھات روزىنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**پەرھات روزى:** شىنجاڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلدى. بۇ يىلدىن بۇيان، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ تۇتۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. 2014 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 588 مىڭ 700 ئائىلىلىك 2 مىليون 314 مىڭ 700 نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 2131 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلدى، 13 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىدى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2014 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى 22.84%تىن 6.51%كە تۆۋەنلىدى.

بىز داۋاملىق دىققەتنى نامرات ئاھالىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، 2020 ـ يىلى بارلىق نامرات ئاھالىنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز. رەھمەت.

**پاكىستان ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەر شارىۋى خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتى كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، خەلقئارانىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بېسىمى ئۆزلۈكسىز ئاشتى. ھازىر شىنجاڭنىڭ خەۋپسىزلىك، مۇقىملىق ۋەزىيىتى قانداق؟ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بولسىڭىز.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ مۇخبىرنىڭ سوئال سورىغىنىغا كۆپ رەھمەت. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشىمۇ ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر ـ ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق ـ رايىش، خەلق تۇرمۇشى تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك قوللىدى، نۇرغۇن كىشى شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بولغان رازى بولۇش دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. بىز بۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، رەھمەت.

**يەر شارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ مۇخبىرى:** سوراپ باقسام، شىنجاڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىشىگە يول قويامدۇ؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ سوئالغا دائىمىي كومىتېت ئەزاسى شۇ خەيرۇڭنى داۋاملىق جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**شۇ خەيرۇڭ:** شىنجاڭ ياخشى جاي، ھەر مىللەت خەلق قىزغىن، مېھماندوست، بىز ھەر تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى كەڭ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالىمىز. بۇ دەل «يىراقتىن دوستۇڭ كەلسە خۇشال بولماي تۇرالامسەن» دېگەن گەپ. مەن يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئەمەلىيەتتە 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىز 91 دۆلەتكە ئالاقىدار 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1000دىن ئارتۇق كىشىنى شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئەھۋاللار ئامېرىكا، غەربتىكى بەزى سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلار ئېيتقان ئەھۋاللارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن. ئىگىلىنىشچە، جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغان، ھازىرمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئامېرىكا، غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر بىر تەرەپتىن، جۇڭگو تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك، دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەكسىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا، جۈملىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا بېسىم ئىشلىتىدۇ ۋە كاشىلا قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يوشۇرۇن سىياسىي مەقسىتى بار.

شىنجاڭ ئېچىۋېتىلگەن رايون، بىز ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، جۇڭگونىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولۇشىنى قارشى ئالىمىز. رەھمەت.

**خۇ كەيخۇڭ:** ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەڭ ئاخىرقى سوئال سورىلىدۇ.

**شىاڭگاڭ ئىقتىساد يېتەكچىسى گېزىتى مۇخبىرى:** شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشى قانداق؟ رەھمەت.

**شۆھرەت زاكىر:** بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. شىنجاڭ دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى»نى ئاساسلىق تۇتقا قىلدى، بۇ ئەھۋاللاردىن كۆپچىلىكنىڭ ئاز ـ تولا خەۋىرى بارلىقىغا ئىشىنىمەن. «بىر پورت» دېگىنىمىز، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق يولى پورتى بولۇپ، مال توپلاش، باغچە قۇرۇش، كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئورنىغا ئاساسەن، تىردىشىپ قۇرۇقلۇق يولى پورتىنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، بىز جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى(ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىدە تىجارەت ترانسپورتى قىلدۇق، شىنجاڭنىڭ غەربكە قاتنايدىغان خەلقئارا يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى جەمئىي 3000 قېتىمدىن ئارتۇق قاتنىدى. «ئىككى رايون» دېگىنىمىز، شىنجاڭنىڭ قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا، بىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، بۇ ئىككى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى دۆلەت بەرگەن ئالاھىدە ئېتىبار سىياسەتكە تايىنىپ، كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچەپ «ئىككى رايون»نى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى مۇھىم تىرەك نۇقتىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. «بەش چوڭ مەركەز»، يەنى شىنجاڭنىڭ غەربكە تۇتاشقان قۇرۇقلۇق يولىدا، ئۈرۈمچىنى يادرو قىلىپ، قاتناش تۈگۈنى مەركىزى، سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى، مەدەنىيەت ـ پەن ـ مائارىپ مەركىزى ۋە رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانى قاپلىغان داۋالاش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش تۈرلىرى، مۇھىم، زور ئىقتىسادىي، جەمئىيەت ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولدۇق. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى ئايرودرومدىن جەمئىي 21ى بار، يەنە ئۈزلۈكسىز قۇرۇلۇۋاتىدۇ، تۆمۈريول يۈرۈش ـ تىجارەت مۇساپىسى 6000 كىلومېتىردىن ئاشتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئارىسىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنىڭ ھەممىسى تۇتاشتۇرۇلدى، لەنجوۋ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولمۇ يۈرۈش ـ تىجارەت قىلغىلى نەچچە يىل بولدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، بىزنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىمىز ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28% ئېشىپ، پۈتۈن يىللىق ئېشىشنىڭ 20%تىن يۇقىرى بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بىز يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى تەسىس قىلدۇق، 130دىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئاپپاراتىنى توپلىدۇق، بۇلتۇر پۈتۈن رايوندىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭى گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13% ئاشتى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33% ئاشتى. شىنجاڭ 98 دۆلەت ۋە رايون بىلەن چېگرا ھالقىغان خەلق پۇلى كەسپىنى قانات يايدۇردى، پاكىستان خابى بانكىسىمۇ شىنجاڭدا ئاپپارات تەسىس قىلدى، جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزىدە قازاقىستان پۇلى تەڭگە نەق پۇلنى چېگرا ھالقىپ يۆتكەپ توشۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭدىكى 12 دوختۇرخانا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ دوختۇرخانىلار ھەمكارلىق بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن يىراق مۇساپىلىك داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىسى قۇردى. تۆت يىلدىن بۇيان، بىز جەمئىي 20 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق چەت ئەللىك ئاغرىقنى قوبۇل قىلدۇق. پورت ئىقتىساد بەلبېغى 19 دۆلەت دەرىجىلىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پورتقا تايىنىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋار مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپى، چېگرا (چېگرا ھالقىغان) ساياھىتى، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى قاتارلىق سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «يول ئىقتىسادى»نىڭ «كەسپلەر ئىقتىسادى» «پورت ئىقتىسادى»غا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كۈچەپ شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇردۇق. بۇ دەل بىزنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدا، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ قىلغان بىر قىسىم خىزمەتلىرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز يەنە يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ غەربكە چىقىش يولىدىكى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىمىز. رەھمەت!

**خۇ كەيخۇڭ:** بۈگۈنكى ئېلان قىلىش يىغىنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. تۆت ئېلان قىلغۇچىغا رەھمەت، ھەرقايسى مۇخبىر دوستلارغا رەھمەت.

**(شىنخۇا تورىنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغان)**